## 40589 ـ رامزاندا ئانانىزىم قىلىش بىلەن لەززەتلىنىشنىڭ توغرا ئەمەسلىكى ھەققىدە

### سۇئال

مېنىڭ بىر دوستۇم سورىدى: ئۇ رامىزان ئېيىدا ئانانىزىم قىلىش بىلەن شۇغۇللىنىپتۇ، بۇنىڭ ھۆكمى قانداق؟ رامىزان ئاخىرلاشقاندىن كېيىن مۇشۇ بىر كۈنلۈك روزىنىڭ قازاسىنى قىلامدۇ؟. بۇ ھەقتە چۈشەنچە بېرىشىڭلارنى سورايمەن.

### تەپسىلى جاۋاپ

بارلىق گۈزەل ماختاشلار ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى بولغان ئاللاھقا خاستۇر. پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا، ئۇنىڭ ئائىلە تاۋابىئاتلىرى  ۋە ساھابىلىرىغا ئاللاھ تائالانىڭ رەھمەت ۋە سالاملىرى بولسۇن.

دوستىڭىز ئۆزىنىڭ شەرىئەتتە چەكلەنگەن، ھارام ئىشنى قىلغانلىقىنى بىلىشى كېرەك، بۇنىڭ چەكلەنگەن ئىش ئىكەنلىكى ئاللاھنىڭ كىتابىدا ۋە پەيغەمبەرئەلەيھىسسالامنىڭ سۈننەتلىرىدە بايان قىلىنغان، بۇنىڭ تەپسىلاتى 329 ـ نومۇرلۇق سوئالنىڭ جاۋابىدا بايان قىلىنغان. شۇنىڭدەك بۇ ئىنساننىڭ ئەقلى ۋە تەبئىتى يىرگىنىدىغان، مۇسۇلمانغا لايىق بولمايدىغان ناچار ئىشتۇر.

شۇنى بىلىش كېرەككى، ئاسىيلىق، مەئسىيەت ئىنسانغا ئەگەر قىلمىشىغا تەۋبە قىلمىسا، دۇنيا ـ ئاخىرەتتە بەختسىزلىك ئېلىپ كېلىدۇ. ئەگەر تەۋبە قىلسا ئاللاھنىڭ رەھمىتىگە ئېرىشىدۇ.

بۇنىڭ تەپسىلاتى ـ23425 ، 8861 ـ نومۇرلۇق سوئاللارنىڭ جاۋابىدا بايان قىلىنغان.

بۇنداق ناچار ئادەتنىڭ زىيىنى بەك كۆپ بولۇپ، ئۇ ئىنسان بەدىنىنى ئاجىزلاشتۇرىدۇ، ئاللاھ بىلەن ئۆزى ئارىسىدىكى بوشلۇقنى كۈچەيتىدۇ، بولۇپمۇ ھەسرەتلىنىش، پەرشان بولۇشقا سەۋەپ بولىدۇ.

ئەمما سوئالدا بايان قىلىنغان مەسلىنىڭ ھۆكمى: ئانانىزىم قىلىش بىلەن شۇغۇللىنىپ مەنىي چىققان بولسا، شۇ كۈندىكى روزىسى بۇزۇلىدۇ، ئۇ كىشى گۇناھكار بولىدۇ، شۇ كۈنى كەچ كىرگۈچە روزىدار ھالىتىدە قالىدۇ، رامزاندىن كېيىن شۇ كۈندىكى روزىسىنىڭ قازاسىنى قىلىدۇ.

بۇنىڭ تەپسىلاتى 38074 -، 2571 ـ نومۇرلۇق سوئاللارنىڭ جاۋابىدا بايان قىلىندى.

ئاللاھ تائالا ھەممىدىن ياخشى بىلگۈچىدۇر.